# شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 10 ـ ئاي
1
سەيشەنبە
维吾尔文 10月1日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى 新疆日报

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57  ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com  24835 ـ سان  بۈگۈن 8 بەت


## شى جىنپىڭ جۇڭگو ئاياللار ۋالىبول كوماندىسىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر جۇ جىچەي)** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ ئەمدىلا 2019 ـ يىللىق دۇنيا لوڭقىسى ئاياللار ۋالىبول مۇسابىقىسىنىڭ چېمپىيونلۇقىنى قولغا كەلتۈرگەن جۇڭگو ئاياللار ۋالىبول كوماندىسىنىڭ ئەزالىرى، تىرېنېرلار ۋەكىللىرىنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا قاتنىشىشقا مەخسۇس تەكلىپ قىلدى ھەم يىغىندىن بۇرۇن ئاياللار ۋالىبول كوماندىسىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سەممىمىي كۆرۈشۈپ، كۆپچىلىك بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 4 تىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە، ئاياللار ۋالىبول كوماندىسىنىڭ ئەزالىرى، تىرېنېرلار ۋەكىللىرى خەلق سارىيىنىڭ فۇجيەن زالىغا كىردى، شى جىنپىڭ كۆپچىلىك بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. يېتەكچى ۋە تىرېنېر، تەنھەرىكەتچىلەر ۋەكىللىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ مۇنداق بىلدۈردى: پۈتۈن مەملىكەتتە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەۋاتقان پەيتتە، مەن ئالدى بىلەن سىلەرنىڭ زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگىنىڭلارنى قارشى ئالىمەن، سىلەرنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كۈتۈۋېلىش يىغىنى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

## شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى

### لى كېچياڭ رىياسەتچىلىك قىلدى  لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتناشتى




9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى كەچتە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70يىللىقىنى تەبرىكلەش كۈتۈۋېلىش يىغىنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى 4000دىن ئارتۇق جۇڭگولۇق، چەت ئەللىك زات بىلەن خۇشال ـ خۇرام بىر يەرگە جەم بولۇپ، يېڭى جۇڭگونىڭ 70يىللىق تۇغۇلغان كۈنىنى بىرلىكتە تەبرىكلىدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى خۇاڭ جىڭۋېن فوتوسى



9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى كەچتە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70يىللىقىنى تەبرىكلەش كۈتۈۋېلىش يىغىنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا قاتنىشىپ ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى خۇاڭ جىڭۋېن فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىرلار ياڭ ۋېيخەن، لو جېڭگۇاڭ)** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كۈتۈۋېلىش يىغىنى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى كەچتە خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: يېڭى مۇساپىدە، بىز ئىتتىپاقلىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى ياد ئېتىپ، بىر نىيەتتە گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتايلى

# ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنىدە خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

## شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن مۇراسىمغا قاتناشتى ھەم يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ دىدارىغا ئېھتىرام بىلدۈردى



9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى بېيجىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىغا كېلىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنىدە خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى پاڭ شىڭلېي فوتوسى



9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى بېيجىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىغا كېلىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنىدە خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. سۈرەتتە: شى جىنپىڭ گۈل سېۋىتىدىكى لېنتىنى رەتلىمەكتە. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى پاڭ شىڭلېي فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىرلار ياڭ ۋېيخەن، لو شا)** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پەيتىدە، ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنىدە خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بېيجىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى ھەر ساھە ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە مۇراسىمغا قاتناشتى.

ھەيۋەتلىك تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئوتتۇرىسىدا بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقلار جەۋلان قىلاتتى. مەيداننىڭ ئىككى يېقىدىكى

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)